شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 5 - ئاي
27
دۈشەنبە
维吾尔文 5月27日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65-0002/-W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24708 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ 2019 جۇڭگو خەلقئارا چوڭ سانلىق مەلۇمات كەسپى كۆرگەزمىسىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى تېلېگراممىسى 2019 جۇڭگو خەلقئارا چوڭ سانلىق مەلۇمات كەسپى كۆرگەزمىسى 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى گۈيجوۇ ئۆلكىسىنىڭ گۈيياڭ شەھرىدە باشلاندى. دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ كۆرگەزمىگە تەبرىك خېتى ئەۋەتتى.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ھازىر ئالاقە تورى، چوڭ سانلىق مەلۇمات، سۈنئىي ئەقلىي ئىقتىدار ۋەكىللىكىدىكى يېڭى بىر ئەۋلاد ئۇچۇر تېخنىكىسى جۇش ئۇرۇپ راۋاجلىنىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشى، خەلق تۇرمۇشىغا مۇھىم، زور ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتتى. ھەرقايسى دۆلەتلەر ھەمكارلىشىشنى كۈچەيتىپ، ئالماشتۇرۇشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

بېيجىڭ شەھىرى ۋەكىللىرى ئۆمىكى شىنجاڭغا كېلىپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى

چېن چۈەنگو، چېن جىنىڭ، شۆھرەت زاكىر، سۈن جىنلۇڭ، لى پېڭشىن پائالىيەتكە قاتناشتى

مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنىدىن 25 - كۈنىگىچە، بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، شەھەر باشلىقى چېن جىنىڭ بېيجىڭ شەھىرى ۋەكىللىرى ئۆمىكىنى باشلاپ شىنجاڭغا كېلىپ، نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى تەكشۈردى، ئۇدۇللاشتۇردى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، بىڭتۇەننىڭ سىياسىي كومىسسارى سۈن جىنلۇڭ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى لى پېڭشىن ئالاقىدار پائالىيەتلەرگە قاتناشتى.

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، ئاپتونوم رايون بېيجىڭ شەھىرى ۋەكىللىرى ئۆمىكى بىلەن خىزمەت سۆھبىتى ئۆتكۈزدى. چېن چۈەنگو ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ھۆكۈمەت ھەم پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت خەلققە ۋاكالىتەن بېيجىڭ شەھىرى ۋەكىللىرى ئۆمىكىنىڭ شىنجاڭغا تەكشۈرۈشكە كەلگەنلىكىنى قىزغىن قارشى ئالدى، بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ئۇزاقتىن بۇيان شىنجاڭ خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قوللىغانلىقى ۋە خالىس ياردەم بەرگەنلىكىگە چىن كۆڭلىدىن رەھمەت ئېيتتى. چېن چۈەنگو مۇنداق دېدى: يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، بېيجىڭ شەھىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە 19 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ بېيجىڭ خىزمىتى توغرىسىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پايتەخت شەھەرنىڭ ئىستراتېگىيەلىك ئورنىنى زىچ چۆرىدەپ، «تۆت مەركەز»لىك ئىقتىدار قۇرۇلۇشىنى كۈچەپ كۈچەيتىپ، «تۆت مۇلازىمەت» سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈپ، «ئۈچ چوڭ ئىش»نى ياخشى تۇتۇپ، پايتەختنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇھىم، زور ئىلگىرىلەشلەرنى قولغا كەلتۈرۈشكە تۈرتكە بولدى. بىز چىن كۆڭلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز.

چېن چۈەنگو مۇنۇلارنى بىلدۈردى: بېيجىڭ شەھەرلىك پارتكوم ۋە شەھەرلىك ھۆكۈمەت يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش خىزمىتىنى مۇھىم، زور سىياسىي مەسئۇلىيەت قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئۆلچەم بىلەن كەسىپلەر، خەلق تۇرمۇشى، كادىرلار، ئىختىساسلىقلار ئارقىلىق شىنجاڭغا ياردەم بېرىشنى يۇقىرى سۈپەتتە ئالغا سىلجىتىشتا چىڭ تۇرۇپ، ھەر تەرەپلىمە شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ۋەزىيىتى بەرپا قىلىپ، خوتەن ۋىلايىتى ۋە بىڭتۇەن 14 - شىسىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشى، ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلىشى،

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولايلى

«بىز ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرى»

☐ مۇخبىرىمىز چىن چىن

قوبۇقسار موڭغۇل ئاپتونوم ناھىيەسىنىڭ قوبۇقسار بازىرى باينىشىرگ مەھەللىسىدە 46 بىنا، 1385 ئائىلە، 3815 ئادەم بار، ئۇلار خەنزۇ، موڭغۇل قاتارلىق توققۇز مىللەتتىن تەركىب تاپقان. 5 - ئاينىڭ 15 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، مۇخبىر بۇ يەرگە كەلگەندە، مەھەللە «ۋەتەننى سۆيۈش. پارتىيەگە مىننەتدارلىق بىلدۈرۈش. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىگە نومۇر تەييارلاۋاتقان ئىكەن. نومۇر تەييارلاۋاتقان مەھەللە ئاھالىسى جياڭ ۋېنيىڭ مۇنداق دېدى: «مەن بۇ يەردە تۇرۇۋاتقىلى ئالتە يىل بولدى، مەھەللىدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئامما سېنىڭ - مېنىڭ دېيىشمەي ئىناق ئۆتىدۇ، بىز ئۆزئارا ھەمدەم بولىدىغان بىر ئائىلە كىشىلىرى».

باينىشىرگ مەھەللىسى پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى خۇاڭ لىپىڭ مۇخبىرغا مۇنداق دېدى: ئىلگىرى بۇ يەر كەپىلىك مەھەللە بولۇپ، كونا ئۆي، كېسەك ئۆي كۆپ ئىدى. 2012 - يىلى ناھىيەدە كەپىلىك مەھەللىلەرنى ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشى باشلاندى. 2013 - يىلى تۇنجى تۈركۈمدە 500 نەچچە ئائىلە مەھەللىگە كۆچۈپ كىرىپ، يېڭى تۇرمۇشنى باشلىدى.

ئاھالىلەرنىڭ چۈشىنىشىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەھەللە دائىم بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى قانات يايدۇردى. «چاغاندا مەھەللە كادىرلىرى ئاھالىلەرنى جياۋزى تۈگۈشكە تەشكىللىدى، قۇربان ھېيتتا كۆپچىلىكنى بىرلىكتە پولۇ ئېتىشكە تەشكىللىدى ھەم بەزى قىزىقارلىق مەدەنىيەت - تەنتەربىيە پائالىيەتلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ھەر مىللەت ئاھالىلەرنىڭ دوستلۇقىنى چوڭقۇرلاشتۇردى» دېدى مەھەللە كادىرى جايىڭ ئايۇۋ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلايلى

چاپچال باشلامچى كارخانىلارغا تايىنىپ، دېھقان - چارۋىچىلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشىغا تۈرتكە بولدى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 5 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى ئاساسلانغان (مۇخبىر شاڭ شېڭ) تاڭ يورۇشى بىلەنلا، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسىدە ئولتۇرۇشلۇق ئايگۈل جۇمەنالى رېشاتكىلىق ئىشىكنى ئېچىپ، بىر ھارۋا سىلوسنى ئەكىرىپ، كالىلىرىغا «ناشتىلىق» بەردى.

ئايگۈلنىڭ شۇ جايدىكى باقمىچىلىق باشلامچى كارخانىسى — كۆكدالا شەھىرى چۈاڭجىن چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە كالا بېقىۋاتقىنىغا ئۈچ يىل بولدى. بۇ بىرنەچچە يىلدا، گۆش كالىسى باقمىچىلىقى ھەم ئالاقىدار كەسىپلەرگە تايىنىپ، شۇ يەردىكى نۇرغۇن كىشى پۇل تاپتى.

چاپچال شىبە ئاپتونوم ناھىيەسى ئەنئەنىۋى دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق ناھىيەسى بولۇپ، كالا بېقىش تارىخى ئۇزاق. 2013 - يىلى ناھىيەلىك ھۆكۈمەت گېرمانىيەنىڭ سىمېنتال كالىسىنى كىرگۈزۈپ، شۇ يەرنىڭ «يەرلىك كالىلىرى»نىڭ نەسلىنى ياخشىلىدى. نەسلى ياخشىلانغان كالىلار توپى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىلىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كارخانا — چۈاڭجىن چارۋىچىلىق چەكلىك شىركىتىنى بۇ يەردە ماكانلىشىشقا جەلپ قىلىپ، يەرلىكنى «كالىچىلىق» كەسپىنى زورايتىشقا يېتەكلەپ، ئەتراپتىكى دېھقان ئائىلىلىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا تۈرتكە بولدى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭ ياخشى جاي

ئۆز ئالدىغا جەڭ قىلىشتىن بىرلىشىپ تەرەققىي قىلىشقىچە

«بەش جاي، يەتتە تەرەپ» «شىمالىي شىنجاڭ مەنزىرىسى» چوڭ مەنزىرە رايونىنى ئورتاق قۇرۇشنى پىلانلىدى

مۇخبىرلىرىمىز **جەزىرە نىسبېك، تاڭ كەندۇك** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستىنىڭ 1 - نۆۋەتلىك پۈتۈن رايون ساياھەت تەرەققىيات يىغىنى غۇلجا شەھرىدە ئېچىلدى، ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستى، تارباغاتاي ۋىلايىتى، ئالتاي ۋىلايىتى، بورتالا موڭغۇل ئاپتونوم ئوبلاستى، قاراماي شەھىرى، بىڭتۇەن 4 - شىسى، 7 - شىسىدىن ئىبارەت «بەش جاي، يەتتە تەرەپ»تىن كەلگەن 160تىن كۆپرەك ۋەكىل «شىمالىي شىنجاڭ مەنزىرىسى» چوڭ مەنزىرە رايونىنى ئورتاق قۇرۇشنى پىلانلىدى.

ئىگىلىنىشىچە، بۇلتۇر «بەش جاي، يەتتە تەرەپ» جەمئىي كۈتۈۋالغان ساياھەتچى 85 مىليون ئادەم قېتىمدىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 43.76% كۆپەيگەن؛ ساياھەت ئومۇمىي كىرىمى 95 مىليارد يۈەندىن ئېشىپ، ئوخشاش مەزگىلدىكىدىن 62.29% كۆپەيگەن؛ ساياھەت قىلغان ئادەم قېتىم سانىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 50%دىن كۆپرەكىنى ئىگىلىگەن؛ ساياھەت كىرىمىنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسى پۈتۈن شىنجاڭنىڭ 40%دىن كۆپرەكىنى ئىگىلەپ، ئېشىش نىسبىتى پۈتۈن شىنجاڭدا ئالدىنقى قاتاردا تۇرغان.

(ئاخىرى 4 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条APP 微信公众号 新疆日报网 天山网APP

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن ئۈچ يىلدا جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدىن 2200ى قاتنىدى

شىنجاڭنىڭ «يول ئىقتىسادى»دىن «كەسىپ ئىقتىسادى»غا قاراپ تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشكە تۈرتكە بولدى

5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى، لىق تاۋار قاچىلانغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن يولغا چىقىپ، قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتى. ئىگىلىنىشىچە، بۇ، يىغىلىش مەركىزى تىجارەت باشلىغان ئۈچ يىلدىن بۇيان قاتنىغان 2200 - جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئىكەن.

☐ مۇخبىرىمىز **شىې لۇڭ** فوتوسى

مۇخبىرلىرىمىز **لۇفېڭباۋ، شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: 5 - ئاينىڭ 25 - كۈنى چۈشتىن كېيىن، لىق تاۋار قاچىلانغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھىرىگە يۈرۈپ كەتتى، بۇ، يىغىلىش مەركىزى تىجارەت باشلىغان ئۈچ يىلدىن بۇيان قاتنىغان 2200 - جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزى.

شىركەتنىڭ ماللىرى قاچىلانغان جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىنىڭ ئۈرۈمچى يىغىلىش مەركىزىدىن قوزغالغانلىقىنى كۆرگەن ئۈرۈمچى تۇڭيىدا خەلقئارا مال ترانسپورت ۋاكالەتچىلىك چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى ليۇ جېنجۈن ناھايىتى خۇشال ھالدا مۇنداق دېدى: «ماللار جۇڭگو - ياۋروپا نۆۋەتچى پويىزىدا توشۇلغاندىن كېيىن، بىر قىسىم يول لىنىيەلىرىنىڭ توشۇش ۋاقتى يېرىمغا يېقىن قىسقىراپ، ئەشيا ئوبوروت تەننەرخىمۇ 30%تىن ئارتۇق تېجىلىپ، شىركەتنىڭ كەسىپ مىقدارىنىڭ يىلمۇيىل ئېشىشىغا تۈرتكە بولدى، بۇلتۇر بىز 2000 نەچچە گورۇپپا ئۆلچەملىك كونتېينېرلىق مالنى يولغا سالدۇق، بۇ يىل چوقۇم بۇلتۇرقىدىن كۆپ بولىدۇ».

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

سەلتەنەتلىك 70 يىل كۈرەشچان يېڭى دەۋر
يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش يۈزىسىدىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش سەپىرى

يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسى تەرەققىيات يېڭى بوشلۇقىغا ئېرىشتۈردى

—— شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتىدىن كەلگەن دوكلات

☐ گېزىتىمىزنىڭ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرى **لۇ فېڭباۋ، رېن جياڭ، شىې لۇڭ، ۋاڭ چىمىڭ**

پەن تەتقىقاتتا يېڭىلىق يارىتىش بىلەن سىجىل شۇغۇللىنىپ تەرەققىياتنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش، كەسىپ زەنجىرىنى ئۇزارتىپ قىممەت بوشلۇقىنى ئۆستۈرۈش، بايلىقتىن يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئايلانما پايدىلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش … يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شىنجاڭ جۇڭتەي (گۇرۇھ) چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ھەم ئۇنىڭ قارمىقىدىكى شىركەتلەر تەرەققىيات ئەۋزەللىكىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىپ، تەرەققىيات يېڭى ھەرىكەت ئېنېرگىيەسىنى يېتىلدۈرۈپ، تەرەققىيات ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىيات يولىدا چوڭ قەدەم بىلەن ئىلگىرىلىدى.

■ پەن تەتقىقاتتا يېڭىلىق يارىتىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتنىڭ ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇش

«ئالدى تەرەپتىكى بۇ باكقا قاراڭ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قايناۋاتقان ماددىنىڭ خام ئەشياسى باكقا كىرگۈزۈلۈپ خېمىيەلىك رېئاكسىيەدىن كېيىن، دىخلوروئېتان ھاسىل بولىدۇ، دىخلوروئېتاننى ئورگانىك ئېرىتكۈچى سۈپىتىدە ئۆزىمىز ئىشلەتسەكمۇ ياكى ساتساقمۇ بولىدۇ» دېدى 5 - ئاينىڭ 12 - كۈنى، شىنجاڭ جۇڭتەي خىمىيە فوكاڭ ئېنېرگىيە چەكلىك شىركىتىنىڭ مۇئاۋىن باش دىرېكتورى يۈەن شىسىي زاۋۇت رايونىدىكى يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قايىنىتىپ ساپلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

يۈەن شىسىي مۇنداق دېدى: شىركەتنىڭ ئىشلەپچىقىرىش جەريانىدا يۇقىرى قايناتقۇچى ماددا پەيدا بولىدۇ، بۇنىڭدىن ئىلگىرى، بۇ خىل سۇيۇقلۇقنىڭ كۆپىنچىسى تاشلاندۇق قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىناتتى. 2015 - يىلدىن باشلاپ، فۇكاڭ ئېنېرگىيەسى پەن تەتقىقات سېلىنمىسىنى زورايتىپ، يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قايناتقۇچى ماددىلارنى قانداق يىغىۋېلىپ پايدىلىنىشنى تەتقىق قىلدى. بىر يىلدىن ئارتۇق ئىلمىي تەتقىق قىلىپ، ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ئارقىلىق، «ۋىنىل خلورىد يۇقىرى قايناتقۇچى ماددىنى ساپلاشتۇرۇپ، ئىنچىكە تاۋلاش ئارقىلىق دىخلوروئېتاننى ئېلىش» تۈرىدە مۇۋەپپەقىيەت قازاندى. ئارقىدىن بۇ شىركەت يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قايناتقۇچ ماددىنى ساپلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ئىشلىتىپ، كېرەكسىز نەرسىلەرنى گۆھەرگە ئايلاندۇرۇشنىڭ يولىنى ئاچتى.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)